## 195292 ـ تاھارىتى بار ھالەتتە پايپاقنى ئالماشتۇرۇپ، ئۈنىڭغا مەسھى قىلىپ ئاندىن ناماز ئوقۇغان بولسا نامىزى توغرا بولامدۇ؟

### سۇئال

تاھارەت ئېلىپ پايپاقنى كىيىپ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدۇم، ئاندىن بامدات نامىزىغا ئويغىنىپ تاھارەت ئېلىپ يەنە پايپاققا مەسھى قىلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم، ئاندىن تاھارىتىم سۇنماستا كەيگەن پايپاقنى يۇيۇش ئۈچۈن يەنە پايپاق ئالماشتۇردۇم، پېشىن ۋاقتى بولغاندا تاھارەت ئېلىپ يەنە كېيىن كەيگەن پايپاققا مەسھى قىلدىم، پايپاق ئالماشتۇرۇش ئارىسىدا تاھارىتىم سۇنمىغانتى، ئالغان تاھارىتىم توغرا بولۇپ ئوقۇغان پېشىن نامىزىم توغرا بولامدۇ ياكى تاھارىتىم توغرا بولماي ئوقۇغان نامىزىممۇ بىكار بولامدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئالىملارنىڭ توغرا بولغان كۆچلۈك قارشىدا تاھارەت ئېلىپ ئاياغ ياكى پايپاققا مەسھى قىلغان بولسا، ئاندىن ئاياغ ياكى پايپاقنى سېلىۋەتكەن بولسا بۇنىڭ بىلەن تاھارەت سۇنمايدۇ. چۈنكى شەرئى دەلىل ـ ئىسپات بويىچە، ئۇ كىشىنىڭ ئاياغ ياكى پايپاققا مەسھى قىلىش بىلەن ئالغان تاھارىتى كامىل بولۇپ، كېيىن پايپاقنى سېلىۋەتسىمۇ تاھارىتى بۇزۇلمايدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى ئىلگىرى 26343–ۋە 100112 ـ نومۇرلۇقسوئاللارنىڭ جاۋابىدا بايان قىلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئىلگىركى تاھارىتى بىلەن تاھارىتى سۇنغانغا قەدەر پەرز ـ نەپلە نامازلاردىن قانچىلىك ئوقۇسا بولىدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 14321 –نۇمۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئىككىنچى: بىر پەرزنى ئوقۇپ ئىككىنچى نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە تاھارىتى سۇنمىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ يەنە يېڭىدىن تاھارەت ئېلىشى كېرەك بولمايدۇ. ئەمما يېڭىدىن تاھارەت ئالغان بولسا ياخشى، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىركى تاھارىتى سۇنمىغان بولغاچقا، ئۇ كىشى تاھارەت بىلەن بولغان بولىدۇ.

سوئال سورىغۇچى قېرىنداشىمىزغا بېرىدىغان جاۋابىمىز: سىز دەسلەپتە كەيگەن پايپاقنى سېلىۋەتكەن بولسىڭىز، بۇنىڭ بىلەن تاھارىتىڭىز سۇنمايدۇ، ئۇ تاھارەت بىلەن تاھارىتىڭىز سۇنغانغا قەدەر پەرىز ـ نەپلە نامازلاردىن خالىغانچە ئوقۇيسىز، ئاندىن باشقا بىر پايپاق كەيگەن بولسىڭىز، تاھارەتنى يېڭىلاش ئۈچۈنتاھارەت ئېلىپ كېيىن كەيگەن پايپاقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىپ

پىشىن نامىزى ئوقۇغان بولسىڭىز، كىيىن كەيگەن پايپاقىقا قىلغان مەسھى توغرا بولمايدۇ، ئەمما ئوقۇغان نامىزىڭىز توغرا بولىدۇ، چۈنكى سىزنىڭ دەسلەپتە ئالغان تاھارىتىڭىز سۇنمىغان، تاھارەت سۇنماستا يەنە يېڭىدىن تاھارەت ئېلىش بىلەن دەسلەپتىكى تاھارەت بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كىيىن تاھارىتىڭىز سۇنۇپ كەتكەن بولسا سىز تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن پايپاقنى سېلىۋېتىپ مەسھى قىلىشتىن ئىلگىرى پۇتىڭىزنى يۇيۇپ ئاندىن پايپاقنى كەيسىڭىز بولىدۇ. ["ئەلمۇغنى" 1-توم85-بەت، "كەششاپۇل قەنناﺋ"1-توم 86-87-بەتلەر].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.